# قۇتلۇق زىيارەت

ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق زىيارىتىدىن خاتىرە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

愉快的旅程 ：维吾尔文/玛依努尔·哈斯木著.-乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999

ISBN 7—228—05183—1

Ⅰ.愉… Ⅱ.玛… Ⅲ.游记-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1267

中国版本图书馆 CIP 数据核字（1999）第 19457 号

**愉快的旅程**（维吾尔文）

玛依努尔·哈斯木 著

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）

新疆新华书店发行

新疆人民出版社微机室排版

新疆畜牧印刷厂印刷

787×1092 毫米 32 开本 5.875 印张 2 插页

1999 年 7 月第 1 版　1999 年 7 月第 1 次印刷

印数：1——3,000

---

ISBN7—228—05183—1/1·1936 定价：8.50 元

مەسئۇل مۇھەررىر: سۇلتان ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# قۇتلۇق زىيارەت

ئاپتورى: ماھىنۇر قاسىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر1/32
باسما تاۋىقى: 5.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 —— 1
ISBN7—228—05183—1/1・1936
باھاسى: 8.50 يۈەن

# مۆندەرىجە


بەھرەيىندە ئۈچ سائەت ........................................ 1
سۇدانغا سەپەر ........................................ 5
سۈرىيىگە سەپەر ........................................ 66
ئىراققا سەپەر ........................................ 111
ئىئوردانىيە تەسراتلىرى ........................................ 181

# بەھرەيىندە ئۈچ سائەت

بىز ئۈچ دۆلەتنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ ماڭغان سەپەر ئۈستىدە تايلاند، بەھرەيىن، ئىئۇردانىيەدە غەيرى رەسمىي زىيارەتتە بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىسىدە ئىككى كېچە، بەزىسىدە بىر كېچىدىن قونۇپ ئۆتتۇق. بۇ كۈنىنىڭ تازا ئىسسىق مەزگىلى بولغاچقا، ئىسسىققا چىداپ تۇرۇپ، ئاڭلايدىغانلا ئىش بولسا ئاڭلىدۇق، كۆرۈشكە بولىدىغانلىكى نەرسە بولسا كۆردۇق.

بىز بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەتىگەندە، يەنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 5 تە بەھرەيىنگە كەلدۇق. بىرەر سائەت دەم ئېلىپلا، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 6 يېرىمدا ئەتىگەنلىك چايغا رېستورانغا كىردۇق. بىزنى بىر بېنگاللىق كۈتكۈچى يىگىت قارشى ئالدى. ئۇ مېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ماڭا يەيدىغان تائاملارنى كۆرسىتىپ بەردى ھەم ئوبدان قىلىپ پەمىل چاي دەملەپ بەرگەچ: « رېستوراندا چوشقا گۆشمۇ بار، ئۇنى سىزگە بېرىشكە بولمايدۇ » دېدى. مەن رەھمەت دېدىم. چاينى ئىچىپ بولۇشىمىزغا يەرلىك ۋاقىت سائەت 9 دا ( بېيجىڭ بىلەن بەھرەيىن ۋاقىت جەھەتتە 5 سائەت پەرقلىنىدىكەن ) جۇڭگونىڭ بەھرەيىندە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى ئىككى ماشىنا بىلەن كېلىپ بىزنى ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ ماڭدى. 3 سائەت ئىچىدە بۇ دۆلەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئايلىنىپ چىقتۇق. كۆرىدىغان بىرقانچە جايلىرىنى كۆردۇق.

بەھرەيىن ئاسىيانىڭ پارس قولتۇقى رايونىدىكى كىچىك



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئارال دۆلىتى بولۇپ ، ئاساسى ئارال بەھرەين ئارىلى ۋە ئەتراپىدىكى 33 چوڭ ـ كىچىك ئارالدىن تەركىب تاپقان . ئۇ پارس قولتۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى بىر دېڭىز قولتۇقىغا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى دېڭىز قىرغىقى بىلەن قاتار يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . قۇرۇقلۇق كۆلىمى 669 كۋادرات كىلومېتىر ، ئاھالىسى 1981 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە 350 مىڭ 798 كىشى بولۇپ ، 78% ى بەھرەيىنلىك ، 5% ى ئومانلىق ، قالغىنى ھىندىستاندىن ، پاكىستاندىن ، ئىراندىن ۋە ئەنگلىيىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئىكەن . ئاھالىسى ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن . دۆلەت تىلى ئەرەب تىلى بولسىمۇ ، ئىنگلىز تىلىمۇ كەڭ قوللىنىلىدىكەن .

بەھرەيىننىڭ پايتەختى مەينامە شەھرى بەھرەيىن ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ، بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىق شەھرى ، دېڭىز پورتى ۋە مەمۇرىي مەركىزى ئىكەن . بەھرەيىن ئارىلىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 30 مىل ، شەرقتىن غەربقىچە بولغان كەڭلىكى 10 مىل كېلىدىكەن . ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يەر شەكلى ئېگىزرەك بولۇپ ، ئەڭ ئېگىز يېرى دېڭىز يۈزىدىن 450 مېتىر كېلىدىكەن .

بەھرەيىننىڭ شىمالى قىسمى ئەڭ قەدىمىي ساياھەت رايونى ئىكەن ، بۇ يەر بوستانلىق ، گۈلزارلىق ، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىپتۇ . غەربىي قىسمى سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن تۇتۇشۇپ كېتىدىكەن . سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن 1983 ـ يىلى كېلىشىپ ، 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى دۆلەتنى تۇتاشتۇرۇپ ئۆتىدىغان كۆۋرۈك سېلىنىپتۇ ، بۇ كۆۋرۈكنىڭ 12 يېرىم كىلومېتىرىنى سەئۇدى ئەرەبىستانى باشقۇرىدىكەن ، كۆۋرۈك سېلىشقا 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنىپتۇ .

بەھرەيننىڭ ئوترا شەھرى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكى ، قەدىمي ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىكەن . 1932 ـ يىلى تۇنجى نېفىت قۇدۇقى بۇ جايدىن ئېتىلىپ چىققانىكەن .

1782 ـ يىلى ئىرانلىقلار بەھرەيننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ، خەلىق ئائىلىسى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىرانلىقلارنى بەھرەيندىن قوغلاپ چىقارغان ، شۇنىڭدىن تارتىپ خەلىق ئائىلىسى بەھرەيىنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان . ئەنگلىيە تىنچلىق ـ دوستلۇق كېلىشىمى تۈزگەندىن كېيىن ، 1869 ـ يىلى 21 ياشلىق شېيخ ئەيسا بەھرەيننىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ، شېيخ ئەيسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن شېيخ مۇھەممەت 1932 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ تەختتە ئولتۇرغان ، بۇ ۋاقىتتا نېفىت چىقىشقا باشلاپ ، بەھرەيىن باي بولۇشقا يۈزلەنگەن . شېيخ مۇھەممەتتىن كېيىن شېيخ سىلمان 1942 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرۇپ ، بەھرەيننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن ، ئۇ بانكىنى يولغا قويغان ، پورت ۋە ئايرۇپىلان ئىستانسىلىرىنى قۇرغان . شېيخ سىلمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن شېيخ ئەيسانىڭ ئوغلى 1961 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغان ، ئۇ خەلىق ئائىلىسىنىڭ 10 ـ ئەۋلادى بولۇپ ، 1971 ـ يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە بەھرەيننىڭ بىرىنچى ئەمىرى بولۇپ قالغان .

بەھرەيننىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىكەن . 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ دۇنيادا مەرۋايىت ئىشلەيدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ ، ھەر 6 ئادەمنىڭ بىرسى مەرۋايىت ئىشلەش ۋە مەرۋايىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن . بۈگۈنكى كۈندە بەھرەيننىڭ 300 دىن ئارتۇق نېفىت

قۇدۇقى بار ئىكەن. 1980 ـ يىللاردا زاپىسى مول بولغان تەبىئىي گاز بايلىقى تېپىلىپتۇ.

500 يىللىق تارىخقا ئىگە بەھرەيىننىڭ خەلقى سودا تىجارەت بىلەن داڭ چىقارغان. دېڭىز قولتۇقىدىكى جۇغراپىيەلىك ئەۋزەل ئورنى ئۇنى دۇنيا بازىرىغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىسى خەلقىگە راھەت تۇرمۇش ۋە ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بەرگەن بولسا، نېفىت بەھرەيىنگە مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماددىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

بەھرەيىندە باج ئېلىنمايدۇ دەپ ئاڭلىدىم، پۇل مۇقىم ئىكەن، چەت ئەل پۇللىرى ئەركىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىكەن. شۇڭا، پۇل مۇئامىلىلىرى تېز تەرەققىي قىپتۇ. ھۆكۈمەت چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشىغا يول قويغاچقا، چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى شىركەتلەر كۆپلەپ قۇرۇلۇپتۇ.

بەھرەيىندە يىل بويى ناھايىتى ئىسسىق بولىدىكەن، ئەڭ ياخشى ۋاقىت 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولۇپ، ھاۋا مۆتىدىل بولىدىكەن. شۇڭا، خىزمەت ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 7 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 2 يېرىمگىچە بولىدىكەن. پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى دەم ئېلىنىدىكەن، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، يېڭى يىل ۋە 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى دۆلەت بايرىمىدا رەسمىي دەم ئېلىش قىلىنىدىكەن.

بىز بەھرەيىندە 3 سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇپ، ئاندىن سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

# سۇدانغا سەپەر

بىز بەھرەيىندىن 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن خارتومغا قاراپ يولغا چىقتۇق . چۈشتىن كېيىن شۇ جاينىڭ ۋاقتى سائەت 14 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە خارتومغا يېتىپ كەلسەك ، ئايرودرومدا بىزنىڭ سۇداندا تۇرۇشلۇق ئەلچىمىز ئايالى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . گەرچە مەن ئۇلارنى بۇرۇن كۆرمىگەن بولساممۇ ، بۇنداق ياقا يۇرتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنداشلىرى كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ دەررۇ تونۇيدىكەن . ئۇلارمۇ شۇنچە ئادەم ئىچىدىن مېنى تونىدى . بىز ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ كۈتۈش ئۆيىگە كىردۇق . بۇ يەردە سۇدان پارلامېنت ئەزاسى ، سۇدان مەملىكەتلىك ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىنى قوشۇمچە باش كاتىپى دوكتور سۇمەييا ئەبۇكاساۋا باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئايال ئەربابلار ، خادىملار بىزنى كۈتۈۋالدى . بالىلار گۈلدەستە تەقدىم قىلدى . سۇمەييا خانىم ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ : « خوش كەپسىلەر ، سۇدان سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . جۇڭگو ئايال ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سۇداندا زىيارەتتە بولۇشى ، جۇڭگو سۇدان ئاياللىرىنىڭ دوستلۇقىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ . دۇنيا ئاياللار يىغىنى بىزنى تېخىمۇ ياخشى دوستلاردىن قىلىپ ئىتتىپاقىمىزنى مۇستەھكەملىدى . كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز . سۇداندا خۇشال ئۆتۈشىڭلارغا تىلەكداشمىز »دېدى .

مەن سۆز قىلىپ : « سۇدان مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنى زىيارەتكە

تـەكلىپ قىپتۇ ، دۇنيا ئاياللىرىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدىن كېيىن بۇنداق تەكلىپ قىلىنىش بىزنى بەك خۇشال قىلدى . مەن جۇڭگو ئاياللار ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە شەخسەن ئۆز نامىمدىن سىلەرگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن . بىز بۇرۇن كېلىپ باقمىغان بولساقمۇ ، سۇداندىكى پائالىيىتىمىز چوقۇم ياخشى بولىدۇ ، دەپ ئىشىنىمىز ، سىلەرگە كۆپ رەھمەت » دېدىم .

سۆزىمىز ئاياغلىشىپ ئەمدى ماكايىلى دەپ تۇرساق ، سۇدان ئاياللار ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى يېتىپ كەلدى ، ئۇنى قوبۇل قىلدىم . ئۇنىڭغا : « بىز بۈگۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ خارتوم شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ سۇمەييا خانىم ۋە بىرقانچە ئايال دوستلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق . سۇدان خەلقى ، سۇدان ئاياللىرىنىڭ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىقلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇق . بىز چوقۇم سۇدان ئاياللىرىنىڭ بېشىر زۇڭتۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆرىمىز ۋە ئاڭلايمىز . بۇنىڭ بىزنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە رولى چوڭ . مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇدان خەلقىگە ، سۇدان ئاياللىرىغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن ، ئۇلارغا ئالىي سالام يوللايمەن » دېدىم .

بىزنى كۈتۈش ۋە باشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈتۈشنىڭ دەرىجىسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى كۈتۈش دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتتى . 7 كۈن پائالىيەت ئېلىپ باردۇق ، ئورۇنلاشتۇرۇش زىچ ، كۈتۈۋېلىش سەمىمىي ۋە قىزغىن بولدى .

بىز ساقچى ماشىنىسىنىڭ يول باشلىشى ، ساھىبخانلار ۋە جۇڭگونىڭ سۇداندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ھەمراھ-

لىقىدا نىل دەريا بويىغا سېلىنغان كاتتا مېھمانخانىغا چۈشتۇق . ساھىبخانلار بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، بىر ئاز دەم ئېلىڭلار دەپ كېتىپ قالدى . باش ئەلچىمىز سۇداننىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەم مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا بەردى .

سۇداننىڭ قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن : سۇداننىڭ يەر مەيدانى 250 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ئىكەن ، ئاھالىسى 1982 - يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە 19 مىليون 435 مىڭ بولۇپ 19 مىللەت بار ئىكەن ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب مىللىتى 40% نى ، دىنگىگا مىللىتى 12% نى ، بانگىر مىللىتى 7% نى ئىگىلەيدىكەن ، قالغانلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىكەن . دۆلەت تىلى ئەرەب تىلى بولۇپ ، بىر قەدەر ئومۇملاشقانىكەن . نوپۇسنىڭ 15% ى خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن .

دۆلەت باشلىقى - زۇڭتۇڭ ، گېنېرال لېيتېنانت ئۆمەر ھەسەن ئەھمەت بېشىر ، بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى گېنېرال مايور زۇبەير مۇھەممەت سالىھ ، يەنە بىر مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى گېنېرال مايور گىئورگى كونكۇر ئىكەن .

1821 -يىلى مىسىر سۇداننى بېسىۋالغان . سۇداننىڭ دىنىي داھىيسى مەھدىي مۇھەممەت ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ ، 1885 - يىلىغا كەلگەندە سۇداندا مەھدىي پادىشاھلىقى قۇرۇلغان . 1899 - يىلى سۇداننى ئەنگلىيە بىلەن مىسىر ئورتاق باشقۇرغان . 1956 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سۇداندا مۇستەقىللىق جاكارلىنىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان . 1969 يىل - 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پولكوۋنىك جاپپار مۇھەممەد نىمىرى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ۋە دۆلەتنىڭ ئىسمىنى « سۇدان دېموكراتىك جۇمھۇرى-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

يىتى » دەپ ئاتىغان . 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گېنېرال ئابدۇراخمان سۇھار داماپ ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ نىمىرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە ئۆتكۈنچى ھەربىي كومىتېت قۇرۇپ ، دۆلەت نامىنى « سۇدان جۇمھۇرىيىتى » گە ئۆزگەرتكەن . 1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گېنېرال ئۆمەر ھەسەن ئەخمەت بېشىر باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرغان ، كومىتېتقا بېشىر رەئىس بولۇپ ، 1993 ـ يىل 10 ـ ئايدا زۇڭتۇڭ بولغان .

سۇدان ب د ت جاكارلىغان دۇنيادا ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى . ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق سانائىتى ناھايىتى ئاجىز ، دېھقانچىلىقىدا تەبىئىي مۇھىت شارائىتىغا يۆلىنىشچانلىقى زور ، مەھسۇلات مۇقىم ئەمەس ئىكەن . سانائىتى تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت مالىيىسىدە كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايدىكەن . مال باھاسمۇ مۇقىم ئەمەس ، ئۆرلەش سۈرئىتى تېز ئىكەن . تاشقى سودىدا قىزىل رەقەم يىلمۇ يىل ئېشىپ 16 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپتۇ . ھازىر ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ 3 يىللىق ( 1990 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە ) پىلانى ، 10 يىللىق ( 1993 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە ) ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانى تۈزۈلۈپ ، بىر قاتار ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلۇپتۇ . سۇدان ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدىكەن . لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئاجىز ، نوپۇسى كۆپ ، ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ، غەربنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى توختىتىپ قويغانلىقى قاتار-

لىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئىقتىسادىي ئىزچىل هالدا قىيىنچىلىق هالەتتە ئىكەن . خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى سۇداننى قەرز تۆلىيەلمەيدىغان ۋە قەرز بىلەن تەمىنلەشكە بولمايدىغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويغان . دېهقانچىلىقتا ئاق قوناق ، بۇغداي ، تېرىق تېرىلىپ ئاشلىقى ئۆزىگە يەتمەيدىكەن . ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا ، كۈنجۈت ، ئەرەب يىلمى تېرىلىپ ، ئاساسەن سىرتقا چىقىرىدىكەن . سانائەتتە توقۇمىچىلىق ، شېكەر ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە سىمونت ئىشلەش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىكەن .

بىز بارغان كۈنى كەچ سائەت 8 دە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىرلەشمىنىڭ هويلىسىدا چاي بەردى . كۈننىڭ ئىسسىقى 40 گرادۇس ئەتراپىدا بولغانلىقتىن ئەتراپقا شامالدۇرغۇچ ئورنىتىپ قويۇپتۇ . تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى مېنى زىيارەت قىلدى ، ئۇلار : « سۇدانغا نىسبەتەن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار ، سۇدان خەلقىگە دەيدىغان قانداق سۆزىڭىز بار ؟ » دېدى . مەن : « بۈگۈن يېتىپ كەلدۇق ، بىز مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقى ، هەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ سۇدان خەلقىگە ، سۇدان ئاياللىرىغا بولغان دوستلۇق سالىمىنى ئېلىپ كەلدۇق . مەن سالىمىمىزنى سۇدان خەلقىگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگىنىڭلارغا كۆپ رەهمەت ئېيتىمەن . بىز ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇق ، شۇ ئارقىلىق سۇدان خەلقىنىڭ مېهماندۇستلۇقى ، خۇشخۇيلۇقى ، تىرىشچانلىقىنى كۆردۇق ، بۇنىڭغا بىز بەك مىننەتدار . قىزغىن كۈتۈۋالغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆمىكىمىز ۋە ئۆز نامىمدىن رەهمەت ئېيتىمەن ، سىزگىمۇ رەهمەت . » دېدىم .

## سۇدان مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە
## ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا بىز سۇدان مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق . سۆھبەتكە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇل باش كاتىپى سۇمەييا خانىم ۋە ئۇن نەچچە ھەيئەت بولۇپ جەمئىي 20 گە يېقىن ئايال قاتناشتى .

سۇمەييا خانىم سۇدان ئاياللار بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن ئەھۋال تونۇشتۇردى ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن : سۇدان باش ئاياللار بىرلەشمىسى 1990 ـ يىل 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە 16000 مىڭ شۆبىسى بار ئىكەن . ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ، ئاياللارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاڭلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، ئاياللار ئارىسىدا چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، نامراتلىق ۋە يامان ئادەتلەرنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يىغىش ، تارقىتىش ، ھەر خىل مۇھىم يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈش ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاياللارغا تەربىيە بېرىش ، ئاياللار ئارىسىدىكى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن . ئۇلار ھەپتىلىك گېزىت ئىشلەيدىكەن ، ژۇرنال چىقىرىدىكەن . سۇمەييا خانىم بىزنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتىمىز تۆۋەندىكىدەك ، دەپ مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى :

1. ئاياللارنى سىياسىي تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردۇق . 1956 ـ يىلى سۇدان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ،

ئايـاللاردا سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى بار بولدى . ھازىر پارلا-
مېنت ئەزالىرى ئىچىدە ، ئايالالار 10% نى ئىگىلەيدۇ ، ھۆكۈمەتتە 2
ئايـال مىنىستىر بار . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بىر تەرەپتىن ئاياللارنىڭ
ھـاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئىگىلى تۆۋەن بولسا ، يەنە بىر
تـەرەپتىن جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ رولىغا بولغان قاراش تۆۋەن .
بىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئاياللارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى-
دىكى تۆھپىسى ، رولىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇشقا
تېـگىشلىك ھوقۇقىنى تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدۇق .
2 . ئاياللارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىششقا قوزغىدۇق .
بىز ئاياللارنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور تۆھ-
پىلەرنى يارىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇردۇق ،
بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىدە ئاياللارنى يىغىم ـ تېرىم ، باقمىچىلىق ،
مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۇردۇق .
3 . تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇداندا ھازىر ساۋات-
سىزلار كۆپ ، بىز مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن ساۋاتسىزلىقنى تۈ-
گىتىش كۇرسلىرىنى ، مەدەنىي مەشغۇلات ئورۇنلىرىنى ئاچتۇق ۋە
بـۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قاتلاملاردا ئاياللارنى تەشكىللىدۇق .
مەخسۇس ساۋات چىقىرىش دەرسلىكىنى تەييارلىدۇق . ئائىلە
تەربىيىسىمۇ سۇدان ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مائارىپ پائالىيەتلىرى-
نـىڭ بىرى . شەھەرلەردە ئاياللارغا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلىششش
پۇرسىتى بار ، ئۇلار ئائىلە ئىناقلىقىنى ، ئۆزئارا ياردەملىششنى
ئىـنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ . بىز ئائىلە ئىناقلىقى ، ئۆزئارا
ياردەملىشىش ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش ،
ئاسراش تەربىيىسى ۋە ساقلىقنى ساقلاش ، سالامەتلىك بىلىملىرى
تەربىيىسى ئارقىلىق سۇدان ئاياللىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق
ۋە بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتتۇق .

4 . سۇداندا ئىچكى ئۇرۇش ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ . بىز سۇدان ئاياللىرىدىن پىدائىيلار قوشۇنى تەشـكىللەپ ، ھەمىشە دېگۈدەك توقۇنۇش بولۇپ تۇرغان رايونلارغا بېرىپ كېلىشتۇرۇش ، ياراشتۇرۇش ۋە تىنچلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردۇق . تىنچلىق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تىنچلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ تۇردۇق .

5 . سۇدان تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ ، سانائەتنىڭ راۋاجلىـنىشى بىلەن بىرگە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . بىز مۇھىت ئاسراشنى تەشەببۇس قىلىپ ، مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇھىت ئاسراش مۇھاكىمە يىغىـنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، مۇھىت ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىـدۇق .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1995 ـ يىلى دۇنيا ئاياللار يىغىنىغا قاتنىشىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇق . ئالدى بىلەن يىغىنغا تەييار-لىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى . بۇ كومىتېت ئاياللارغا دائىر ھەر تەرەپلىمە ماتېرىيال ، ھۆججەتلەرنى يىغىش ، 1985 ـ يىلدىن بۇيانقى ئاياللارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىـجىلىرى ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەسلەش ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىش ، 1995 ـ يىلقى دۇنيا ئاياللىرىنىڭ چوڭ يىغىـنىنى تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلدى . زۇڭتۇڭ خانىمى بېيجىڭغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشتى . دۇنيا ئاياللىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقتىمىزدا ، كىشىلەر كۆپ پىكىرلەرنى بەردى . بىزنىڭ ئارزۇيىمىز دۇنيا ئاياللار تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ، دوستلۇقنى چىڭىتىش ئۈچۈن تىـرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت .

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ، سىلەرنىڭ ياخشى تەجرىبەڭلار

بار ، بىز ئۇنى ئاڭلاشقا تەشنا ، سۆزلەپ بېرىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمىز ، دېدى .

مەن : « بۈگۈن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئۆز ھەيئەتلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارنى بىزگە تونۇشتۇرغانلىقىغا ، سۇ- مەييا خانىمىنىڭ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە سۇدان ئا- ياللىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ رەھ- مەت ئېيتىمەن . سۇداننىڭ تارىخي ئۇزۇن ، ئۇ ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق كۈرەشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بۈگۈنكى ھالەتكە كەلدى . سۇدان ئاياللىرى بىلەن جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ سەرگۈ- زەشتىسى بەزى جەھەتتە ئوخشاپراق كېتىدۇ . بىزدە ‹ جاپا تارت- ماي ھالاۋەت يوق › دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار . جاپالىق كۈرەش بولىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى چوقۇم كۆرۈلىدۇ . سۇداننىڭ كېلەچىكى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ . بىز ئىككى مەملىكەت ئاياللىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن باش تارتمايمىز . دۇنيا ئاياللىرىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك يىغىنى جۇڭگودا ئېچىلدى ، يى- غىنغا قاتناشقان 45 مىڭدىن ئارتۇق مېھماننى بېيجىڭدا بىرلا ۋاقىتتا كۈتۈش ئاسانغا چۈشمىدى . بەزى ئىشلارنى ياخشى قىلىمىز دې- گەن بىلەنمۇ ، .ۇنداق چوڭ يىغىننى باشقۇرۇشتا كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ كەتكىلى بولمايدىكەن . سۇدان ئاياللىرى ئىككى ھۆج- جەتنى مۇزاكىرە قىلغاندا ياخشى پىكىرلەرنى بەردى . يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشىغا چوڭ ياردەملەرنى قىلدى ، بىز بۇنىڭغا خۇ- شال . مەن بېيجىڭدا يىغىن ۋاقتىدا سۇدان ئاياللىرى ئاچقان كۆرگەزمىنى كۆرگەن ، غەيرى ھۆكۈمەت يىغىنىنىڭ سەھنىلىرىدە سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم . بۈگۈن بۇ جايدا سىلەر بىلەن كۆرۈ- شۈپ ئولتۇرۇپتىمەن . سىلەرنىڭ يىغىن جەريانىدا بىزگە قىلغان ياردىمىڭلارغا رەھمەت . دۇنيا ئاياللىرى يىغىنىدىن كېيىن مەملى-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com